# شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى 15 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىنىڭ 2 - باسقۇچلۇق يىغىنىغا قاتناشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككىنچى، ئومۇميۈزلۈك تەڭپۇڭ سىياسەت، تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك. دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، يۇقۇم سەۋەبىدىن نامراتلىشىپ كېتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ھەم قەرزنى كېچىكتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى زۆرۈر مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مەددىتى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ، ئۇل ئەسلىھە ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، ياخشى خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىت يارىتىش كېرەك. تاموژنا بېجى ۋە غەيرىي تاموژنا بېجى توسۇقىنى تۆۋەنلىتىپ، سودا ئارقىلىق نامراتلار سانىنى ئازايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يەر شارىۋى چوڭ بازارغا تېخىمۇ ياخشى سىڭىپ كىرىشكە ياردەم بېرىش كېرەك. رەققەمنىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلار، ئاياللار، ياشلار قاتارلىق ئاجىزلار توپىنى تېخىمۇ كۆپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پات يېقىندا مۇددەتتىن ئون يىل بۇرۇن مۇتلەق نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا 700 مىليوندىن ئارتۇق كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، دۇنيانىڭ نامراتلار سانىنى ئازايتىشقا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە نامراتلىقتىن يىراق تۇرىدىغان، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان گۈزەل دۇنيانى كۈچنى بىرىكتۈرۈپ قۇرۇپ چىقىشنى خالايدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 20 دۆلەت گۇرۇھى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ يۇقۇمنى يېڭىشنى قوللاشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، رەقەمدىكى ھاڭنى كىچىكلىتىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئاياللار ۋە ياشلارغا تېخىمۇ كۆپ تەربىيەلىنىش ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىغدۇرۇشچان تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتىپ، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ ناچارلىشىشى قاتارلىق يەر شارىۋى خىرىسلارغا كۈچنى بىرىكتۈرۈپ تاقابىل تۇرۇشى كېرەك.

باشلىقلار يىغىنىدا «20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى رىياد باشلىقلار يىغىنى خىتابنامىسى» ماقۇللاندى.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

# شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى رىياد باشلىقلار يىغىنىنىڭ «يەر شارىنى قوغداش» باش تېمىسىدىكى تەرەپلەر يىغىنىدا سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تىرىشىپ كاربون IV ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى 2030 - يىلدىن ئىلگىرى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈپ، 2060 - يىلدىن ئىلگىرى كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقنى جاكارلىدى. جۇڭگو بۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، پاكىز ئېنېرگىيەنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ يۇقۇمدىن كېيىنكى دەۋردە ئېنېرگىيەدە تۆۋەن كاربونلۇق تىپ ئۆزگەرتىشنى قوللاپ، ھەممە ئادەم ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئېنېرگىيەدىن بەھرىلىنىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. جۇڭگو پۈتۈن يەر شارى بويىچە ئەڭ چوڭ پاكىز ئېنېرگىيە سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىپ، ئېنېرگىيەدىن پاكىز، تۆۋەن كاربونلۇق، بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېشىل مۇھىت قوغداش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يېشىل تىپ ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىدىغان ئېكولوگىيە سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ 20 دۆلەت گۇرۇھىنىڭ تۇپراقنىڭ چېكىنىشىنى ئازايتىش، مارجان خادا تاشلىرىنى قوغداش، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى سولياۋ ئەخلەتلەرگە قارىتا تەدبىر قوللىنىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ مۇستەھكەم بولغان يەر شارىۋى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقى بەرپا قىلىشنى قوللايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كېلەر يىلى 5 - ئايدا كۇنمىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى» بويىچە 15 - قېتىملىق ئەھدىنامە تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنىغا قاتنىشىشىنى سەممىي قارشى ئالىدۇ، يىغىننىڭ كەلگۈسى بىر مەزگىلدە پۈتۈن يەر شارىدىكى جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ئۈچۈن نىشان بېكىتىپ، ھەرىكەت قوللىنىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز قول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە پاكىز، گۈزەل دۇنيا قۇرۇپ چىقايلى!

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ماسلاشقان، دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشقان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى، يېڭى دەۋردىكى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم، زور نەتىجە. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 20 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، يولغا قويۇشنى ياخشى تۇتۇشتىكى كونكرېت تەلەپلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەلىپىنى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىل شىنجاڭنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى جاسارەت بىلەن يارىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنى، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا قانۇننى ئىزدەش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈش، مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قانۇنغا تايىنىش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك؛ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى، ئاساسىي تەلىپى ۋە بىر قاتار يېڭى بەلگىلىمە، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى روھنى ياخشى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشى، چۈشىنىشى، ئىگىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قانۇنچىللىق ئارزۇ - تەلىپىگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، قانۇننى ئادىل، مەدەنىي ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ھەق تەلەپ دېلولىرىنى سوت قىلىش سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قانۇنچىللىق كاپالەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، جەمئىيەت ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇشنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىشى، ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇشى، كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يولغا قويۇشنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك كادىرلار ياخشى ئۈلگە بولۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى قوللىنىپ خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، زىددىيەت - ماجىرالارنى پەسەيتىش - تۈگىتىش، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز مول «شامال، يورۇقلۇق» بايلىقىغا ئىگە، شامال ئېنېرگىيەسى بايلىقى زاپاس مىقدارى، قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ يىللىق رادىياتسىيە ئومۇمىي مىقدارى بىردەك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكتر تورى ۋە يېڭى ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى يەتكۈزۈش يوللىرىنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئىشلىتىش سەۋىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈردى.

ئالدىنقى ئون ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىپ چىقارغان توك مىقدارى ئومۇمىي توك مىقدارىنىڭ 27%نى ئىگىلىدى، يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى 90.9%كە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 4.3 پىرسەنت پوئىنت ئاشتى. 2016 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران 63% ئىدى. قىسقىغىنا بىرنەچچە يىلدا، يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتى زور دەرىجىدە ئاشتى.

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇھىم سۆزىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارخىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى ئورۇنلار ئارخىپ قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇساپىسىنى ھەقىقىي، ئومۇميۈزلۈك، توغرا خاتىرىلەش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈچ قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ مۇساپىسىنى ئومۇميۈزلۈك، ھەقىقىي خاتىرىلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشنى تاماملاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتى مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنى ئاساس، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ بىخەتەرلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى كاپالەت قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە بەش دەرىجىلىك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، بىر - بىرىنى ئۆزئارا دەللىلەيدىغان، يىغىش - رەتلەش تولۇق بولغان، باشقۇرۇش بىخەتەر، قېلىپلاشقان، ئېچىپ پايدىلىنىش يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان ئارخىپ خىزمىتى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇپ، قۇرۇش بىلەن باشقۇرۇشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادچان - تېجەشلىك بولۇشنى قاتتىق يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتىنى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ ياخشى قانات يايدۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، قاتلاملارغا بۆلۈپ، قاراتمىلىق ھالدا تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ھۆججەتلەرنى يىغىش، ئارخىپلاشتۇرۇش، رەتلەش خىزمىتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئارخىپلاشتۇرۇش دائىرىسى، ۋاقىت ئارىلىقى، مەسئۇلىيەت، ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئارخىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەشكە ئالاقىدار ھۆججەت، ماتېرىياللارنىڭ يىغىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق يىغىش، ئارخىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئارخىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ خىزمىتى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ رەتلەش، قېلىپلاشتۇرۇپ ئارخىپلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تېخنىكا تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرگە ئايرىش توغرا بولۇش، رەتكە تۇرغۇزۇش تەرتىپلىك بولۇش، تۈپلەش رەتلىك بولۇش، مۇندەرىجە تۈزۈش ئېنىق بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئوغرىدىن مۇداپىئەلىنىش، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىق ساقلاش شارائىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزلەشتۈرۈپ بىرتۇتاش ساقلاش، قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى تولۇق نامايان قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش ئارخىپ قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، زىچ ماسلىشىپ، ماس ئالغا سىلجىتىپ، قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبىرى ۋەن خېيچۈەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بىڭتۈەندىكى ھەر دەرىجىلىك، ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئىلمىي پىلانلاش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دىققەتنى بىڭتۈەننىڭ ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى، بۇرچىنى ئادا قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى زورايتىپ، تېخىمۇ ياخشى ھالدا «ئۈچ چوڭ فۇنكسىيە»سىنى ئادا قىلىش، «تۆت چوڭ رول»نى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق بىلەن، مەۋقەنى شىنجاڭ ۋە بىڭتۈەننىڭ ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى بىڭتۈەننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى پىلانلاپ، يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى بىڭتۈەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مۇقىملىقنى قوغداپ چېگرانى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، چېگرا رايوننى ئەمىن تاپقۇزۇش، مۇستەھكەملەشتىكى مۇقىملاشتۇرغۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ تەشكىللەش ئەۋزەللىكى ۋە سەپەرۋەرلىك ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، بىڭتۈەننىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىش كېرەك. شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، ئىلغار مەدەنىيەت ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بۇ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، «14 - بەش يىل»دىكى تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، بىڭتۈەننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

بىڭتۈەن پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن پېڭ جياررۇي، كۆك شىڭلۇڭ، شاۋ فېڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن، لى پېڭ، لۇ شۈپېڭ، لى جىدۇڭ، جۇڭ بو يىغىنغا قاتناشتى.